# يېڭى ئىشىنىدىغانلار ئۈچۈن ئاددى ھەقىقەت

## سۇئاللار ۋە جاۋاپلار

### ئىككىنچى نەشر

### 2.نەشر

### كىرىش سۆز

**كۆپ يىللار داۋامىدا، خۇدانىڭ بەندىلىرى ئۇلارغا ئەڭ مۇھىم ھەقىقەتلەرنى، يېڭى ئىشەنگەنلەرگە تەلىم بېرىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوئاللار ۋە جاۋاپلار توپلامىدىن پايدىلىنىشتى. بۇ كىتاپ ئەيساغا يېڭى ئەگەشكۈچىلەرگە مۇھىم ھەقىقەتلەرنى بېغىشلايدۇ.**

بۇ كىتاپ 144 سوئال ۋە جاۋاپلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ھەر بىر سۇئالغا ئايرىم جاۋاپ بېرىلگەن. ھەربىر جاۋاپقا ئىنجىلدىن تاللانمىلار بار. ھەر ئىنجىل تاللانمىلارى كىتاپ نامىدىن ئىبارەت، مەسىلەن: ئالەمنىڭ يارىتىلىشى.

كىتاپ نامىدىن كېيىن تاللانما تېپىلغان قىسىم كېلىدۇ ـ مەسىلەن: 2 قىسىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تاللانما تېپىلغان يەردە بولغان ئايەتلەر كېلىدۇ ـ مەسىلەن: 3 ـ ئايەت. شۇنداق قىلىپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ئىككىنچى باپ ئۈچىنچى ئايەتتە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:3.

www.clearandsimplemedia.org

تەرىپىدىن ماسلاشما:

بۇ كىتابنىڭ ئېلېكترون نەشرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن:

www.asimpleword.org

www.christian-translation.com

تەرپىدىن تەرجىمە قىلىندى:

مەلۇم جاۋاپلار جۈملە پارچىلىرىدىن ئىبارەت-
مەسىلەن:س.4

بىرىنچى قىسىم

خۇدا ۋە بەندە

سۇئاللار 1 دىن 26 گىچە

ئىككىنچى قىسىم

گۇناھ* ۋە قانۇن*

سۇئاللار 27 دىن 62 گىچە

ئۈچىنچى قىسىم

**مەسىھ ۋە قۇتقۇزۇلۇش**

**سوئالار 63 دىن 90 گىچە**

**تۆتىنچى قىسىم**

**روھ ۋەئىبادەت**

**سواللار 91 دىن 117 گىچە**

**بەشىنچى قىسىم**

**دۇئاۋەئۇمىد**

**سوئاللار 118 دىن 144 گىچە**

**بۇبەلگىنى(يۇلتۇز بەلگىسى)* كۆرگەندە، بۇ سىزگە شۇ سۆزنىڭ چۈشەندۈرلىشىنى كىتاپنىڭ سۆز تىما قىسمىدا كۆرستىپ بېرىدۇ.**

**بىرىنچى قىسىم**

**خۇدا ۋە ئۇ نىڭ بەندىسى**

# سوئاللار 1 دىن 26 گىچە

1.سۇئال سىزنى كىم ياراتتى؟

ا.  مېنى خۇدا ياراتتى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى26:1ـ 27؛ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:7؛ ھەزرىتى ئەسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى 17:26

2.س: خۇدا يەنە نېمىلەرنى ياراتتى؟

ا. خۇدا ھەممە نەرسىنى ياراتتى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:31؛ زەبۇر 33:6ـ 9؛ كولوسىلىقلارغا 1:16ـ 17

3.س: خۇدا نېمە مەقسەت بىلەن سىزنى ۋە ھەممە نەرسىنى ياراتتى؟

ا. خۇدا ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپى* ئۈچۈن مېنى ۋە ھەممە نەرسىنى ياراتتى.

زەبۇر 19:1؛ يەشايا؛ 1 كورىنتلىقلارغا 10:31

.4.س: خۇدانى قانداق ئۇلۇغلايسىلەر*؟

ا. ئۇنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئارقىلىق  خۇدا ئۇلۇغلىنىدۇ. ۋە ئۇ ماڭا بۇيرۇغانلىرىغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقمۇ  خۇدا ئۇلۇغلىنىدۇ.

مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 5:3

س.5.  نىمە ئۈچۈن خۇدانى ئۇلۇغلاش* كېرەك؟

ا. چۈنكى ئۇ مېنى ياراتتى ۋە ماڭا غەمخورلۇق قىلدى .

زەبۇر 145:9؛ 1 پېترۇس 5:7؛ ۋەھىيلەر 4:11

6.س: قانچە خۇدا بار؟

ا. پەقەت بىرلا خۇدا بار.

قانۇننىڭ تەكرارى 6:4؛ يەشايا 45:5؛ يەرەميا 10:10

7.س: خۇدا قانچە بىرلىك ؟

ا. خۇدا ئۈچىنىڭ بىرلىكدىدۇر .

مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3:16ـ17؛ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 5:23؛ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 10:30؛ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 15:26

8.س: ئۇلار كىملەر؟

ا. ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ*.

1 ;13:14 كورىنتلىقلارغا 2 ;28:19 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1:2 پېترۇس

9.س: خۇداكىم؟

ا. خۇدا روھتۇر*. ئۇنىڭ تېنى ئىنسان تېنىگە ئوخشاش ئەمەس.

1 ;3:17 يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 4:24; 2 كورىنتلىقلارغا 1:17تىموتىيغا

10.س: خۇدانىڭ باشلىنىشى،ئاخىرلىششى بارمۇ؟

ا. ياق، خۇدا ھەر قاچان (ھازىر ۋە ئەزەلدىن) بار بولغۇچى ھەم مەڭگۈ بار بولغۇچى.

40:28 يەشايا ;90:2 زەبۇر ;3:14مىسىردىن چىقىش

11.س خۇدا ئۆزگەردىمۇ؟

.ا. ياق، خۇدا مەڭگۈ ئۆزگەرمەستۇر

13:8ئىبرانىيلارغا ;3:6 مالاكى ;27ـ102:26 زەبۇر

.12.س خۇدا قەيەردە؟

ا. خۇدا ھەممە يەردە.

ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ ;24 ـ 23:23 يەرەمىيا ;12 ـ 139:7 زەبۇر 28 ـ 17:27 پائالىيەتلرى

س.13.سز خۇدانى كۆرەلەمسز؟

ا. ياق، مەن خۇدانى كۆرەلمەيمەن، بىراق ئۇ ھەر قاچان مىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش ;5:21پەند ـ نەسىھەتلەر ;15 ـ 33:13 زەبۇر 1:17تىموتىيغا 1 ;18: 1 خەۋەر

س.14. خۇدا ھەممە ئىشلارنى بىلەمدۇ؟

ا. ھەئە،خۇدا ھەممە ئىشلارنى بىلىدۇ. خۇدادىن ھىچ نەرسىنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىبرانىيلارغا 4:13 ;15:3پەند ـ نەسىھەتلەر ;2:3 سامۇئىل 1

س.15. خۇدا ھەممىگە قادىرمۇ؟

ا. ھە، خۇدا ئۆزى ئىرادە قىلغان ھەممە مۇقەددەس ئىشلانى قىلالايدۇ.

1:11ئەفەسلىكلەرگە ;35 ـ 4:34دانىيال ;10 ـ 46:9 يەشايا

س.16. خۇدانى بىلىشنى،قانداق ئىشىنىشنى ۋە سۆيۈشنى نەدىن ئۆگىنىمەن؟

ا. خۇدا ماڭا ئۇنى قانداق بىلىشنى، ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى، سۆيۈشنى مۇقەددەس كىتابى ئارقىلىق بىر- بىرلەپ كۆرسىتىپ بەردى.

2 ;31 ـ 20:30يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;105 ـ 119:104 زەبۇر 3:15 تىموتىيغا

س.17. مۇقەددەس كىتاب سىزگە نىملەرنى ئۆگىتىدۇ؟

ا. مۇقەددەس كىتاب ماڭا خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق دۇنيانى گۇناھدىن ئازاد قىلىش تەدبىرى ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. ۋە ماڭا ئۆزۈم ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىدۇ.

2 ;17:17يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;160 ـ 119:159 زەبۇر 17 ـ 3:14 تىموتىيغا

س.18.مۇقەددەس كىتاپنى كىم يازدى؟

ا. مۇقەددەس روھ* يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۆگەتكەن (مۇقەددىس روھ ئارقىلىق تەلىم ئالغان) كىشلەر .

16 ـ 3:15 پېترۇس 2 ;21 ـ 1:20 پېترۇس 2

س.19. بىزنىڭ بىرىنچى ئاتا ـ ئانىمىز كىم؟

ا. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا.

2 ـ 5:1ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ;3:20ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س.20. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىمىزنى قانداق ياراتتى؟

ا.خۇدا ئادەم ئاتىنىڭ تېنىنى يەرنىڭ توپىسىدىن ياسدى ۋە ھاۋا ئانىنى ئادەم ئاتىنىڭ تېنىدىكى قوۋۇرغىسىدىن ياسدى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:7; ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:21 ـ 23; زەبۇر 103:14; 3:19

س.21 ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا خۇدا ياراتقان بارلىق نەسلەردىن قايسى جەھەتتىن پەرقلىنەتتى؟

ا. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنى ئۆز ئوبرازىدەك ياراتتى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26 ـ 27

س.22. خۇدانىڭ ئوبرىزىنى ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىدىن قانداق كۆرەلەيمەن؟

ا. خۇدا ئۇلارنى ئۆزى ياراتقانلىرىنى باشقۇرىدىغان قىلدى (ھۆكۈمرانلىق ھوقوقىنى بەردى). ئۇلار نىمىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنەلەيتتى. دۇرۇس بولغانلاردىن سۆيىنەتتى. گۈزەل بولغان نەرسىلەردىن زوقلىناتتى. ئۇلار خۇدا رازى بولغان ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇلار خۇدا ۋە ئۆز ـ ئارا پاراڭلىشاتتى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26 ـ 27; ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:7 ـ 9; زەبۇر 147:10 ـ 11; خەت يېزىلغان فىلىپىلىكلەرگە 4:8

س.23. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىغا تەندىن باشقا يەنە نېمىنى بەردى؟

ا.خۇدا ئۇلارغا مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان قەلب* بەردى.

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:7; قانۇننىڭ تەكرارى 6:5; تەلىملەر 12:7; مەتتا 16:26 بايان قىلغان خۇش خەۋەر

**س.24. سزده تەندىن باشقا قەلبمۇ بارمۇ؟**

**ا. هە، مەندە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان قەلب* بار.**

**2 ;7:59 هەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ;12:1 زىكرىيا 5:8 كورىنتلىقلارغا**

**س.25. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە هاۋا ئانىنى ياراتقاندا ئۇلار قانداقتى؟**

**ا. خۇدا ئۇلارنى مۇقەددەس* ۋە بەختلىك قىلدى. ئۇلار خۇدا ئۇلار ئۈچۈن بەرپا قىلغان ئېرەن باغچىسىدا خۇدا بىلەن بىللە ياشىدى.**

**;17 ـ 2:15ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ;28 ـ 1:26ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8 ـ 8:4 زەبۇر ;2:25ئالەمنىڭ يارىتىلىشى**

**س.26. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە هاۋا ئانادىن نېمىنى تەلەپ قىلدى؟**

**ا. خۇدا ئۇلاردىن ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.**

**8 ـ 8:4 زەبۇر ;17 ـ 2:15ئالەمنىڭ يارىتىلىشى**

# ئىككىنچى قىسىم

# گۇناھ ۋە قانۇن

**س.27. ئادەم ئاتا ۋە هاۋا ئانا خۇداغا بويسۇندىمۇ ۋە مۇقەددەس* بەختلىك بولالىدىمۇ؟**

ا. ياق، ئۇلار بويسۇنمىدى. ئۇلار خۇدا ئالدىدا گۇناھ قىلىشنى تاللىدى.

8 ـ 3:6ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س.28. گۇناھ*دىگەن نىمە؟

ا. خۇدا بىزگە قىل دىگەن ئىشقا ئىتائەت قىلمىغان بولساق گۇناھدۇر. ۋە خۇدا تەرىپىدىن مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى قىلغاندا گۇناھ قىلغان بولىمىز.

ياقۇپ يازغان ;11 ـ 2:10ياقۇپ يازغان خەت ;1:32 رىملىقلارغا 3:4يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1 ;4:17خەت

س. 29. گۇناھنىڭ* بەدىلى نىمە ؟

ا. گۇناھنىڭ*بەدىلى خۇدانىڭ غەزەپى ۋە جازاغاھۆكۈم قىلىنىش

;6:23 رىملىقلارغا ;1:18 رىملىقلارغا ;27:26قانۇننىڭ تەكرارى 5:6ئەفەسلىكلەرگە

س.30. ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ گۇناھى* نىمە ئىدى؟

ا. خۇدا ئۇلارغا ھەرگىز يىمە دىگەن مىۋىنى يىدى.

3:6ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ;17 ـ 2:16ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س. 31. كىم ئۇلارنى ئازدۇردى ؟

ا. ھاۋا ئانىنى يىلان* (ئىبلىس) ئازدۇردى ۋە ئۇ ئادەم ئاتىغا مىۋىنى بەردى.

8:44; يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر  ;5 ـ 3:1ئالەمنىڭ يارىتىلىشى
12:9  ۋەھىيلەر ;11:3كورىنتلىقلارغا  2

س.32. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋھا ئانا گۇناھ قىلغاندا دۇنيادا نېمەئىش پەيدا بولدى (نېمە ئىش يۈز بەردى)؟

ا. خۇدا يەر يۈزىگە لەنەت ئوقۇدى ۋە خۇدا بۇرۇنلا  ئاگاھلاندۇرغاندەك دۇنيادا ئۆلۈم پەيدا پەيدا بولدى.

17 ـ 3:16ئالەمنىڭ يارىتىلىشى  ;17 ـ 2:15ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س.33. ئادەم ئاتا ھاۋھا ئانا گۇناھ سادىر قىلغاندا ئۇلارغا نېمە ئىش يۈز بەردى؟

ا. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنى ئېرەم  باغدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇلار ئەمدى مۇقەددەس* ۋە بەختلىك بولۇشنىڭ ئورنىغا، گۇناھكار* ـ ئەيىپلىك، ئۇياتلىق ۋە قورققۇنچاق بولدى.

23 :19 ـ 16 ;13 ـ 3:8ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س.34. ئادەم ئاتا گۇناھ قىلغان سەۋەپلىك، ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغانلارغا نېمەئىش يۈز بەردى؟

ا. ئادەم ئاتىدىن كېيىن تۇغۇلغان ئىنسان گۇناھكار* تۇغىلدى.

22 ـ 15:21 كورىنتلىقلارغا 1 ;19 ـ 5:18 رىملىقلارغا  ;51:5 زەبۇر

س.35. خۇدا تەرىپىدىن دۇنيا لەنەت ئاستىدا قالدىمۇ؟خۇدا ئىنسانلارنى ئۆز گۇناھلىرى  بىلەن قالدۇردىمۇ؟

ا. ياق، خۇدا ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى تاللىدى. خۇدا قۇتقۇزغۇچى*نى ئەۋەتىش ئۈچۈن ۋەدە بەردى*.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش ;1:21 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
4:14يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1 ;17 ـ 3:16خەۋەر

س.36. كېلىشىم* دېگەن نېمە؟

ا. كېلىشىم ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەملەر ئارىسىدا تۈزۈلىدىغان (بېرىلىدىغان) قەتئىي ۋەدە.

س.37. خۇدا ئىسرائىل خەلقى* بىلەن قانداق كېلىشىملەرنى تۈزدى؟

ا. خۇدا ئىبراھىم نەسلىنى (ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى) ناھايىتى كۆپەيتىمەن، نۇرغۇن ئەۋلاد، بىر چوڭ خەلق قىلىمەن دەپ ۋەدە بەردى. ئۇ ئىبراھىم ئارقىلىق ھەممە خەلىقلەرگە بەخت ئاتا قىلىمەن دەپ ۋەدە بەردى.

خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە قانۇننى بەردى. ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە يار بولۇشقا ۋە خۇدانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇ ئۇلارغا بەرگەن قانۇنلىرىغا بويسۇنسا ئىسرائىللارغا بەخت ئاتا قىلىشقا ۋەدە بەردى.

خۇدا پادىشاھ داۋۇتقا ئوغۇللىرىدىن بىرى ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇشقا ۋە مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ۋەدە بەردى.

خۇدا بىر كۈنى يېڭى كېلىشىمنى تۈزۈشكە ۋەدە بەردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇنالىرىنى كەچۈرۈشكە ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋەدە بەردى.

مىسىردىن ;15ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ;3 ـ 12:1ئالەمنىڭ يارىتىلىشى
;7:16 سامۇئىل 2 ;7 ـ 24:3چىقىش
34 ـ 31:31 يەرەمىيا

# ئون پەرمان

**س.38. ئون پەرمان دىگەن نېمە؟**

**ا. ئون پەرمان ئىسرائىل خەلقى* ئۈچۈن مۇساغا خۇدا تەرىپىدىن بېرىلگەن سۆزلەردۇر. خۇدا ئۆزى ئون پەرماننى ئىككى تاش تاختىغا يېزىپ بەردى.**

**9:10قانۇننىڭ تەكرارى ;31:18مىسىردىن چىقىش**

**س.39. ئون پەرمان قايسىلار؟**

**ا. ماڭىلا ئىبادەت قىل. مەندىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھىڭ بولمىسۇن.**

**(مەندىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھنى مەندىن ئۈستۈن قىلما) ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مەيلى ئاسماندىكى، يەردىكى، يەر ئاستىدىكى ياكى سۇدىكى ھەر قانداق نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە بۇت* ياسىما.**

**سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار رەببىڭلار* نامىنى ئورۇنسىز تىلغا ئالما.**

**دەم ئېلىش* كۈننى مۇقەددەس كۈن بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل.**

**ئاتا ـ ئاناڭنى ھۆرمەت قىل.**

**قاتىللىق قىلما.**

**نېكاھ سادىقلىغىنى* بۇزما.**

**ئوغرىلىق قىلما.**

**يالغان گۇۋالىق بەرمە.**

**باشقىلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، ئەر ـ خوتۇنى، قۇللىرى، كالا ياكى باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا كۆز قىرىڭنى سالما.**

**17 ـ 20:1مىسىردىن چىقىش**

**س.40. بىرىنچى پەرمان قايسى؟**

**ا. بىرىنچى پەرىز مۇنداق: مەندىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھىڭ بولمىسۇن.**

**20:3مىسىردىن چىقىش; 45:5 ـ 6 يەشايا**

**س.41. بىرىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟**

**ا. بىرىنچى پەرمان  يالغۇز پەقەتلا بىر خۇداغا ئىبادەت قىلىش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.**

**ۋەھىيلەر 4:10;  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر  21 ـ 44:20; زەبۇر 22:8 ـ 9**

**س.42. ئىككىنچى پەرىز قايسى؟**

**ا. ئىككىنچى پەرمان  مۇنداق: ئىبادەت قىلىش* ئۈچۈن، مەيلى ئاسماندىكى، يەردىكى، يەر ئاستىدىكى ياكى سۇدىكى ھەر قانداق نەرسىلەرنىڭ شەكلىدە بۇت* ياسىما.**

**20:4 ـ 6مىسىردىن چىقىش;  قانۇننىڭ تەكرارى 5:8 ـ 10**

**س.43. ئىككىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تىلىم بېرىدۇ؟**

**ا. ئىككىنچى پەرمان  تاش بۇتلارغا ياكى سۈرەتلەرگە ئىبادەت قىلماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.**

**ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ 9 ـ 46:5; يەشايا 11 ـ 44:10; يەشايا 17:29 پائالىيەتلىرى**

س.44. ئۆچىنچى پەرمان قايسى؟

ا. ئۆچىنچى پەرمان مۇنداق: سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار رەببىڭلار* نامىنى ئورۇنسىز تىلغا ئالما.

5:11قانۇننىڭ تەكرارى ;20:7مىسىردىن چىقىش

س.45. ئۆچىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. ئۆچىنچى پەرمان بىزگە خۇدانىڭ نامىنى ئۇنى مەدھىيىلىمەيدىغان * ئورۇنسىز تىلغا ئالماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

4 ـ 15:3 ۋەھىيلەر ;138:2 زەبۇر ;8:13 يەشايا

س.46. تۆتىنچى پەرمان قايسى؟

ا. تۆتىنچى پەرمان مۇنداق: دەم ئېلىش* كۈننى مۇقەددەس كۈن بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىل.

15 ـ 5:12قانۇننىڭ تەكرارى ;11 ـ 20:8مىسىردىن چىقىش

س.47. تۆتىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. تۆتىنچى پەرمان بىزگە دەم ئېلىش ۋە ئىبادەتىمىزدە خۇدانىڭ نامىنى مەدھىيىلىش* ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

14 ـ 58:13 يەشايا ;16:23مىسىردىن چىقىش

س.48. بەشىنچى پەرمان قايسى؟

ا. بەشنچى پەرمان مۇنداق: ئاتا ـ ئاناڭنى* ھۆرمەت قىل.
5:16قانۇننىڭ تەكرارى ;20:12مىسىردىن چىقىش

س.49. بەشنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟
ا. بەشنچى پەرمان ئاتا ـ ئانىمىزنى سۆيۈش ۋە ئاتا ـ ئانىمىزگە بويسۇنۇش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.
3:20 كولوسىلىقلارغا ;3 ـ 6:1ئەفەسلىكلەرگە ;1:8پەند ـ نەسىھەتلەر

س.50. ئالتىنچى پەرمان قايسى؟
ا. ئالتىنچى پەرمان مۇنداق: قاتىللىق قىلما.
5:17قانۇننىڭ تەكرارى ;20:13مىسىردىن چىقىش

س.51. ئالتىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟
ا. ئالتىنچى پەرمان باشقا ئىنسانلاردىن نەپرەتلەنمەسلىك ياكى باشقا ئىنساننى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.
;22 ـ 5:21 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;9:6ئالەمنىڭ يارىتىلىشى
3:15يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1

س. 52. يەتتىنچى پەرمان قايسى؟
ا. يەتتىنچى پەرمان مۇنداق: نېكاھ سادىقلىقىنى* بۇزما.
5:18قانۇننىڭ تەكرارى ;20:14مىسىردىن چىقىش

س.53. يەتتىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. يەتتىنچى پەرمان  ئەر ياكى ئايالى بولمىغان بىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق كېرەكلىگى ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

5:3ـ4ئەفەسلىكلەرگە   ;5:27ـ28  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر

س.54. سەككىزىنچى پەرمان قايسى؟

ا. سەككىزىنچى پەرمان مۇنداق: ئوغرىلىق قىلما.

5:19قانۇننىڭ تەكرارى  ;20:15مىسىردىن چىقىش

س.55. سەككىزىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. سەككىزىنچى پەرمان باشقا ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى ئالماسلىق كېرەكلىگى ھەققىدە تىلىم بېرىدۇ.

21:6ـ7;پەند ـ نەسىھەتلەر  ;23:4مىسىردىن چىقىش
4:28ئەفەسلىكلەرگە

س.56. توققۇزىنچى پەرمان قايسى؟

ا. توققۇزىنچى پەرمان مۇنداق: يالغان گۇۋاھلىق بەرمە.

5:20 قانۇننىڭ تەكرارى  ;20:16مىسىردىن چىقىش

س.57. توققۇزىنچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. توققۇزىنچى پەرمان پاك ـ ھالال بولۇش ۋە ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

13:6 كورىنتلىقلارغا 1 ;12:17پەند ـ نەسىھەتلەر ;3ـ15:1 زەبۇر

س.58. ئوننچى پەرمان قايسى؟

ا. ئوننچى پەرمان مۇنداق: باشقىلارنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرى، ئەر-خوتۇنى، قۇللىرى، كالا ياكى باشقا تەئللۇقاتلىرىغا كۆز قىرىڭنى سالما.

5:21قانۇننىڭ تەكرارى ;20:17مىسىردىن چىقىش

س.59. ئوننچى پەرمان نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. ئوننچى پەرمان بىزدە بار نەرسىلەرگە رازى* بولۇش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

13:5ئىبرانىيلارغا ;6:6تىموتىيغا 1 ;4:11فىلىپپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت

س.60. يەھۇدىيلار مۇساغا خۇدا تەرىپىدىن بېرىلگەن قانۇنلارغا بويسۇندىمۇ؟

ا. ياق، ئۇلار خۇدانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدى ۋە خۇدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىنىدەك جازالىدى.

39:23 ئەزەكىيال ,9:12قانۇننىڭ تەكرارى

س.61. ھەر قانداق ئادەم خۇدانىڭ بارلىق پەرمانلىرىغا بويسۇنالامدۇ؟

ئادەم ئاتا خۇداغا بويسۇنمىدى. شۇ ۋاقىتتىن بېرى، ئىنسانلار خۇدانىڭ پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلالمىدى.

2:10ياقۇپ يازغان خەت ;3:23 رىملىقلارغا ;7:20 تەلىملەر

س.62. ئون پەرمان بىزگە نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ا. ئون پەرمان بىزگە خۇدانىڭ مۇقەددەس ۋە ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. ۋە خۇدانى قانداق سۆيۈش ۋە باشقىلارنى قانداق سۆيۈش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.يەنە بىزنىڭ گۇناھكار* ئىكەنلىكىمىز ۋە خۇداغا بويسۇنمالمايدىغىنىمىزنى كۆرسىتىدۇ. ۋە يەنە بىزگە بىر قۇتقۇزغۇچى* كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

5:13; 3:20; رىملىقلارغا 9 ـ 1:8 تىموتىيغا 1 ;12:13 تەلىملەر
7:7 ـ 11;
24 ـ 3:19 گالاتىيالىقلارغا

# ئۈچىنچى قىسىم

# مەسىھ ۋە قۇتقۇزۇش*

س.63. قۇتقۇزغۇچى* كىم؟

ا. گۇناھكارلارنى قۇتقۇزغۇچى يالغۇز، پەقەتلا بىر قۇتقۇزغۇچى* رەببىمىز ئەيسا مەسىھتۇر.

ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;2:11 لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
1:15 تىموتىيغا 1 ;12 ـ 4:11 پائالىيەتلىرى

س.64. ئەيسا مەسىھ كىم؟

ا. ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك* ئوغلىدۇر.

يۇھاننا بايان قىلغان ;1:1,14,18 يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
;18 ـ 1:15 كولوسىلىقلارغا ;4:4 گالاتىيالىقلارغا ;3:16,18 خۇش خەۋەر
5:20 يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1 ;3 ـ 1:1 ئىبرانىيلارغا

س.65. نېمە ئۈچۈن خۇدا ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى؟

ا. خۇدا بىزنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى. ئۇ رەھىمدىللىك، مېھىر-شەپقەتلىك* خۇدا بولغانلىق سەۋەپتىن ئۆز ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى*.

زەبۇر 103:8 ـ 11; يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3:16 ـ 17;
رىملىقلارغا 5:7 ـ 8; ئەفەسلىكلەرگە 2:4 ـ 5; 1 يۇھاننا بايان قىلغان
خۇش خەۋەر 4:9 ـ 10

س.66. ئەيسا مەسىھ ھەم خۇدا ھەم ئىنسانمۇ؟

ا. ھەئە، ئەيسا مەسىھ پۈتۈنلەي مۇكەممەل خۇدا ۋە ئۇ پۈتۈنلەي مۇكەممەل بىر ئىنسان.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1:1 ـ 3, 14; فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان
خەت 2:5 ـ 11; كولوسىلىقلارغا 2:9; ئىبرانىيلارغا 2:14 ـ 18

س.67. ئەيسا مەسىھ قۇتقۇزغۇچى* قانداق ئىش قىلدى؟

ا.ئۇ ھەر قانداق ئىشتا خۇداغا بويسۇندى ۋە گۇناھكار* ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

رىملىقلارغا 8:3 ـ 4; فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت 2:7 ـ 8;
ئىبرانىيلارغا 4:15; ئىبرانىيلارغا 9:14 ـ 15

س.68. ئەيسا مەسىھ نېمە ئۈچۈن ئۆلدى؟

ا. ئەيسا گۇناھكار* ئىنسانىنىڭ ئورنىغا ئۆلۈپ، ئىنسانلارنى خۇدانىڭ غەزىپىدىن قۇتقۇلدۇردى.

;21 ـ 5:19 كورىنتلىقلارغا 2 ;10:45ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر
3:13 گالاتىيالىقلارغا

س.69. قانداقسىگە خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك* ئوغلى گۇناھكار ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن ئازاپ ـ ئوقۇبەت چېكەلەيدۇ ؟

ا. ئەيسا مەسىھ ، خۇدانىڭ ئوغلى ئىنسان (ئادەم) بولدى.

;4:4,5 گالاتىيالىقلارغا ;1:14يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
2:9 كولوسلىقلارغا

س.70. خۇدانىڭ ئوغلى قانداق ئىنسان بولدى؟

ا. ئۇ مۇقەددەس روھتىن تۇغۇلدى* ۋە نېكاھلىق بولمىغان پاك قىز* مەريەمدىن تۇغۇلدى.

21 ـ 1:18 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;7:14 يەشايا

س.71. ئەيسا مەسىھ دۇنيادا قانداق ھايات كەچۈردى؟

ا. ئاددىي، ھۆرمەتكە سازاۋەر* ۋە كەمتەر ھايات كەچۈردى.

مەتتا بايان قىلغان خۇش ;8:20 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
2 ;19 ـ 4:18 لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;30 ـ 11:28 خەۋەر
10:1 كورىنتلىقلارغا 2 ;8:9 كورىنتلىقلارغا

س.72. رەببىمىز* ئەيسا مەسىھ ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغانمۇ؟

ا. ياق، ئۇ مۇقەددەس ۋە پاك ئېدى.

5:21; كورىنتلىقلارغا 2 ;8:29يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
23 ـ 2:21 پېترۇس 1 ;7:26ئىبرانىيلارغا

س.73. ئەيسا مەسىھ قانداق ئۆلدى؟

ا. مەسىھ چاپراس ياغاچقا* مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

3:13; گالاتىيالىقلارغا ;23:33 لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
2:8فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت

س.74. ئۆلگەندىن كېيىن مەسىھ قەبرىدە قالدىمۇ؟

ا. ياق، مەسىھ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلدى.

لۇقا بايان قىلغان خۇش ;7 ـ 28:5 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
15:3,4 كورىنتلىقلارغا 1 ;4:25 رىملىقلارغا ;8 ـ 24:5 خەۋەر

س.75. خۇدا كىمنى ئۆز گۇناھلىرىدىن* قۇتقۇزىدۇ؟

ا. خۇدا گۇناھلىرىغا* توۋا قىلغان*لارنى قۇتقۇزىدۇ. ھەم رەببىمىز* ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىدىغانلارنى،رەببىم دەپ ئېتراپ قىلغانلانى قۇتقۇزىدۇ.

يۇھاننا بايان قىلغان ;1:14,15 ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر
ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ;18 ـ 3:16خۇش خەۋەر
20:21

س.76. توۋا قىلىش* نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ا. توۋا قىلىش* گۇناھلىرىم (خاتالىقىم) ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشدۇر. ھەم خۇدانى نارازى قىلىپ، ئۇنى رەنجىتكەن گۇنا*لىرىمدىن توۋا قىلىشتۇر.

1 ;10 ـ 7:9 كورىنتلىقلارغا 2 ;10 ـ 19:8 لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 10 ـ 1:9 سالونىكالىقلارغا

س.77. مەسىھكە ئىشىنىش ياكى ئۇنىڭغا سادىق بولۇش* نىمىنى كۆرستىدۇ؟

ا. مەسىھكە سادىق بولۇش* ئەيساغا ئىشىنىشدۇر. بىزنى قۇتقۇزىدىغان* يالغۇز بىر ئۇنىڭغا ئىشىنىشتۇر*.

ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;14:6يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر يۇھاننا بايان قىلغان خۇش 1 ;2:5تىموتىيغا 1 ;4:12 پائالىيەتلىرى 12 ـ 5:11خەۋەر

س. 78. يالغۇز ئۆز كۈچىڭىز بىلەن توۋا قىلالامسىز ۋە مەسىھكە ئىشىنەلەمسىز؟

ا. ياق، ماڭا مۇقەددەس روھنىڭ* ياردىمى چوقۇم كېرەك.

يۇھاننا ;6 ـ 3:5يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;13:23 يەرەمىيا 2:14 كورىنتلىقلارغا 1 ;6:44بايان قىلغان خۇش خەۋەر

س.79. ئادەملەر مەسىھكە دائىر ھەقىقەتنى قانداق بىلەلەيدۇ؟

ا. خۇش خەۋەر*ئارقىلىق قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ كىملىكىنى بىلەلەيمىز .

ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;1:1ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 17 ـ 1:16 رىملىقلارغا ;15:7 پائالىيەتلىرى

س.80. هازىر ئەيسا قۇتقۇزغۇچىمىز* كىم ؟

ا. ئەيسا مەسىھ پەيغەمبە رىمىز*، باش روھاني ۋە پادىشاھىمىزدۇر.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش 13:57; مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 18:37; ئىبرانىيلارغا 1:1 ـ 3; ئىبرانىيلارغا 5:5 ـ 6; ۋەھىيلەر 1:5

س.81. قانداقىسگە ئەيسا مەسىھ پەيغەمبەر*ىمىز بولىدۇ؟

ا. چۈنكى ئۇ بىزگە خۇدانىڭ كىملىگىنى كۆرستىدۇ. ھەم ئۇ بىزگە ئۇنى قانداق خۇرسەن قىلىش ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ.

قانۇننىڭ تەكرارى 18:18; يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1:18; ھەزرىتى ئەيسا 26 ـ 4:25; يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3:22; ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى يۇھاننا بايان قىلغان خۇش 1 5:20خەۋەر

س.82. نېمە ئۈچۈن مەسىھ بىزگە پەيغەمبەر سۈپىتىدىمۇ* كېرەك؟

ا. چۈنكى بىزئەيسا مەسىھسىز خۇدانى بىلەلمەيمىز.

يۇھاننا بايان قىلغان 27 ـ 11:25; مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 17:25 ـ 26; 1 كورىنتلىقلارغا 2:14 ـ 16 خۇش خەۋەر

س.83. ئەيسا مەسىھ بىزگە قانداق روھاني بولىدۇ؟

ا. ئۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بولدى ۋە بىز ئۈچۈن خۇدا بىلەن سۆزلىشىدۇ.

زەبۇر 110:4; ئىبرانىيلارغا 4:14 ـ 16; ئىبرانىيلارغا 7:24 ـ 25; 1 يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 2:1 ـ 2

س.84. نېمه ئۈچۈن مەسىھ بىزگە روھانىي سۈپىتىدە كېرەك؟

ا. چۈنكى بىز گۇناھلىرىمىز سەۋەپلىك ئەيىپلىك ۋە نومۇسلۇق بولدۇق.

رىملىقلارغا 53:6؛ يەشايا 7:20؛ تەلىملەر 20:9؛پەند ـ نەسىھەتلەر 2:10ياقۇپ يازغان خەت 3:23؛ رىملىقلارغا 12 ـ 3:10

س.85. ئەيسا مەسىھ قانداق پادىشاھ بولىدۇ؟

ا. ئۇ بىزگە هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇ بىزنى ئاقلايدۇ.

4 ـ 15:3 ۋەھىيلەر 23 ـ 1:19؛ئەفەسلىكلەرگە 9 ـ 2:6؛ زەبۇر

س.86. نېمە ئۈچۈن مەسىھ بىزگە پادىشاھ سۈپىتىدە كېرەك؟

ا.چۈنكى بىز ئىنسان ئاجىز ۋە قورققۇنچاقمىز.

4:13فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت 10 ـ 12:9؛ كورىنتلىقلارغا 2 13 ـ 1:11؛ كولوسلىقلارغا
تىمو 2 6 ـ 13:5؛ئىبرانىيلارغا

1:12تىيغا

س.87. ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىپ بىز قانداق مىهر ـ شەپقەتلەرگە ئېرىشىمىز؟

ا. خۇدا بىزنى كەچۈرىدۇ* ۋە بىزنى ھەققانى * دەپ جاكارلايدۇ.

خۇدا ئۆزىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرى سۈپىتىدە بىزنى ئۆز ئائىلەسىگە ئالىدۇ. خۇدا بىزنىڭ قەلب (يۈرەك)* ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزنى مۇقەددەس* قىلىدۇ.

خۇدا ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەندە* بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي * جەھەتتە (تەن ۋە قەلب)جەھەتتە مۇكەممەل قىلىدۇ.

;1:5ئەفەسلىكلەرگە ;6 ـ 4:4 گالاتىيالىقلارغا ;5:18 رىملىقلارغا
;14 ـ 10:10ئىبرانىيلارغا
3:2يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1

س.88. مىنىڭ قىلغان ياخشى ھەرىكىتىم ئارقىلىق خۇدا ماڭا بۇ بەرىكەتلەرنى* بەرەدىمۇ؟

ا. ياق، خۇدا ماڭا بۇ بەرىكەتلەرنى* ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقەتى سەۋەبىدىن بېرىدۇ. مەن بۇلارغا ئىگە بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسمەن ۋە ئالالمايمەن.

7 ـ 3:4تىتۇس ;9 ـ 2:8ئەفەسلىكلەرگە ;64:6 يەشايا

س.89. خۇدا چىن قەلبىدىن توۋا* قىلىدىغانلار ۋە ئىشىنىدىغانلارنى تاشلاپ كىتەمدۇ؟

ا. ياق، ئەيسا مەسىھ ھىچ قاچان ئۇنىڭ ئۆلىرىنى قۇتقۇزۇشقا* قادىر دەپ ئىشىنىدىغانلارنى* تاشلاپ كەتمەيدۇ.

;39 ـ 8:38 رىملىقلارغا ;30 ـ 10:27يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
5 ـ 1:3 پېترۇس 1 ;1:6فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت

س.90. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى* نېمە؟

ا. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە * مۇناسىپ بولمىغان بولساقمۇ ئۇنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ۋە ياخشىلىقىدۇر.

8:9 كورىنتلىقلارغا 2 ;8 ـ 1:7ئەفەسلىكلەرگە ;34:6مىسىردىن چىقىش

# تۆتىنچى قىسىم
# روھ ۋە ئىبادەتخانا

س.91. ئەيساغا قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئىشىنىدىغانلار ئۈچۈن خۇدا بىزنىڭ قانداق بولىشىمىزنى خالايدۇ؟

ا. ئۇ بىزنىڭ ( قەلب ،يۈرەك)* ۋەيۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزدا مۇقەددەس* بولۇشىمىزنى خالايدۇ، ھەم بىزنىڭ ئەيساغا ئوخشاش بولۇشىمىزنى خالايدۇ.

7:1 كورىنتلىقلارغا 2 ;1:15 پېترۇس 1 ;1:4ئەفەسلىكلەرگە

س.92. خۇدا بىزنىڭ قەلب (يۈرەك)* ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزنى قانداق مۇقەددەس* قىلىدۇ؟

ا. خۇدا بىزگە يېڭى يۈرەك* بېرىدۇ. ۋە ئۇ بىزگە مۇقەددەس روھنى ئاتا قىلىدۇ.

;26 ـ 5:22 گالاتىيالىقلارغا ;14 ـ 8:1 رىملىقلارغا ;36:26 ئەزەكىيال 1:13ئەفەسلىكلەرگە

س.93. مۇقەددەس روھ* كىم؟

ا. مۇقەددەس روھ* ئۆزى خۇدادۇر. خۇدا ئاتا ۋە خۇدا ئوغۇل مۇقەددەس روھنى* ئەۋەتتى.

يۇهاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:26 ,15:26;  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 28:19; 2 كورىنتلىقلارغا 13:14

س.94. هازىر مۇقەددەس روھ بىز ئۈچۈن نېمە قىلىدۇ؟

ا. مۇقەددەس روھ ئەيساغا ئىشىنىدىغانلارغا ياردەمچى، دوست ـ بۇرادەر ۋە يول باشلىغۇچىدۇر.

يۇهاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 16:7 ـ 8,12 ـ 15;  رىملىقلارغا 8:14 ـ 16; 1 كورىنتلىقلارغا 6:19;  ئەفەسلىكلەرگە 1:14

س.95. مۇقەددەس روھنىڭ مېنى مۇقەددەس* قىلىۋاتقىنىنى قانداق بىلەلەيمەن؟

ا. مەن قۇتقۇزغۇچىم، ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش ئۆسمەكتىمەن. قەلبىمدە* ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىمدا مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىسىنى كۆرىمەن.

ئەفەسلىكلەرگە 3:16 ـ 12;  كولوسىلىقلارغا 1:9

س.96. مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىسى نېمە؟

ا. مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىسى مېھىر ـ مۇھەببەت، خوشال ـ خوراملىق، تېنىچ ـ ئامانلىق، سەۋر ـ تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، سادىقلىق، مۆلايىملىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

گالاتىيالىقلارغا 5:22 ـ 23

س. 97. ئەيساغا ئەگىشىش ئارقىلىق (سادىق بولۇپ) سىزنىڭ ھەر قاچان ھەممە ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق* بولىدىمۇ؟

ا. ياق. بەزىدە ئازاپ-ئوقۇبەت چېكىشىم مۇمكىن. ئەيساغا ئوخشاش بەزىدە ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىپ ياكى ئىنسانلار ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىشى مۇمكىن.

;3:12تىموتىيغا 2 ;19-15:18يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
پېترۇس 1 ;4-1:2 ياقۇپ يازغان خەت ;25-8:23 رىملىقلارغا
13-4:12

س.98. سىز ئازاپ-ئوقۇبەت چەككەندە (ۋاقتى كەلگەندە) خۇدا سىزگە قانداق ياردەم قىلىدۇ؟

ا. ئۇ ماڭا ياردەم ئۈچۈن مۇقەددەس روھنى بېرىدۇ. ئۇ ماڭا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن جامائەتنى بېرىدۇ. ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ئۈچۈن ھەممە ئىشلاردا ماڭا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلىدى.

1 ;5:11 سالونىكالىقلارغا 1 ;8:18 رىملىقلارغا ;5-5:3 رىملىقلارغا
;19-4:12 پېترۇس
5:10 پېترۇس 1

س.99. جامائەت* دېگەن نېمە؟

ا. جامائەت* خۇداغا ئىشەنگۈچىلەردىن * ئىبارەتتۇر.جامائەت* خۇدا-ئاتىنىڭ ئائىلىسىدۇر. ئۇ مەسىھ ئوغۇلنىڭ تېنىدۇر. ئۇ مۇقەددەس* روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە چۈمۈلگەن يەر.

;5:23ئەفەسلىكلەرگە ;15-3:14ئەفەسلىكلەرگە ;12:27 كورىنتلىقلارغا 1
;1:24 كولوسلىقلارغا
2:11ئىبرانىيلارغا

س.100. يەرلىك ئىبادەتخانا دىگەن * نېمە؟

ا. يەرلىك ئىبادەتخانا* ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا بويسۇنىدىغان بىر توپ ئادەملەردۇر. ئۇلار خۇداغا بىللە ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇقەددەس يازمىلارنى بىللەئۆگىنىپ ۋەئىشلىتىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىدۇ ، ئۇلار خۇدانىڭ پادىشالىقىنىڭ* مۇستەھكەملىنىشىنى ئۈچۈن بىللە ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئىشلىتىدۇ. ئۇلار ئىشىنىدىغانلارنى سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ ۋە رەببىنىڭ كەچلىك تامىقىنى بىللە يەيدۇ.

ھەزرىتى ئەيسا ;20-28:19 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;42-2:41 ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى
ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ;39-8:36 پائالىيەتلىرى
;5-6:1 رىملىقلارغا ;14:23
1:5 تىتۇس ;26-11:23 كورىنتلىقلارغا 1

س.101. سىز يەرلىك ئىبادەتخانىنىڭ بىر قىسمى بولۇشىڭىز كېرەكمۇ؟

ا. ھەئە. يەرلىك ئىبادەتخانا مېنىڭ ئۆسۈشمگە ۋە ئىشەنچىمنىڭ مۇستەھكەملىنىشگە ياردەم بېرىدىغان جامائەتتۇر. بۇ ئەيسانىڭ سۆزىگە بويسۇنۇشنى ئۆگىتىدىغان يەردۇر.

25-10:24ئىبرانىيلارغا

س.102. ئەيسا ئىبادەتخانىغا بەرگەن يېڭى پەرمان نېمە؟

ا. ئەيسا مۇنداق دېدى، "بىر-بىرىڭلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار. سىلەرنى سۆيگىنىمدەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار."

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر13:34

س.103. بىر-بىرىمىزگە بۇ مېھىر-مۇھەببەتنى قانداق كۆرسىتىشىمىز كېرەك؟

ا. بۇ مېھىر مۇھەببەتنى بىز بىر-بىرىمىزگە مېھرىبان، مۇلايىم بولۇپ، بىر-بىرىمىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، بىر-بىرىمىزنى كەچۈرۈش ئارقىلىق كۆرسىتىمىز. بۇ مېھىر-مۇھەببەتنى بىز بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ*، بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلىپ، بىر-بىرىمىزنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق كۆرسىتىمىز. بۇ مېھىر-مۇھەببەتنى بىز بىر-بىرىمىزگە يەتكۈزۈپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئېھتىياجلىق ۋاقتىمىزدا ھاجىتىدىن چىقىش ئارقىلىق كۆرسىتىمىز.

رىملىقلارغا 12:10; ئەفەسلىكلەرگە 4:32; كولوسىلىقلارغا 3:9,13; 1 سالونىكالىقلارغا 4:18; ياقۇپ يازغان خەت 5:16

س.104. چۆمۈلدۈرۈلۈش* دىگەن نېمە؟

ا. چۆمۈلدۈرۈلۈش* جامائەت يىتەكچىسى ئادەمنى بىر ئاز ۋاقىت سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ. كېيىن ئادەمنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى ئاتا، ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ* نامىدا قىلىدۇ.

مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3:6,16; ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1:5; ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى 8:12

س.105. كىم سۇغا چۆمۈلدۈرۈلىشى* كېرەك؟

ا. چۆمۈلدۈرۈلۈش* گۇناھلىرىغا* توۋۋا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن. بۇ مەسىھنىڭ قۇتقۇزۇشى* ئۈچۈن ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى

ئۆچۈندۇر. ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ پائالىيەتلرى 39،2:38؛ ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ پائالىيەتلرى 36:8 ـ 37؛ ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ پائالىيەتلرى8:36 ـ 37؛ ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ پائالىيەتلرى 16:30 ـ 33

س.106. چۆمۆلدۈرۈلۈش* نىمە مەننى بىلدۈرىدۇ؟

ا. چۆمۆلدۈرۈلۈش*رەببىمىز ئەيسا ئۆلۈپ، دەپنە قىلىنىپ، ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن مەسىھكە ئىشىنىدىغانلارنىڭ* بىرلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ مىنىڭ ئۇنىڭ جامائىتىنىڭ بىر قىسملىقمىنى بىلدۈرىدۇ.

رىملىقلارغا ;33 ـ 16:30 ھەزرتى ئەيسا ئەلچىلرىنىڭ پائالىيەتلرى 2:12 كولوسلىقلارغا ;5 ـ 6:3

س.107. ئەيسانىڭ ئۆلۈمنى قانداق خاترلەيمىز ؟

ا. بىز رەببىمىزنىڭ كەچكى تامىقىنى بىللە يەيمىز.

كورىنتلىقلارغا 1 ;24 ـ 14:22ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 11:23 ـ 29

س.108. رەببىنىڭ* كەچكى تامىقى دىگەن نېمە؟

ا. رەببىنىڭ* كەچكى تامىقىدا بىز ناندىن يەپ، ئۈزۈم شەربىتى ئىچىمىز. بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمنى بىزگە ئەسلىتىدۇ.

كورىنتلىقلارغا 1 ;24 ـ 14:22ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 11:23 ـ 29

س.109. نان نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

ا. ئوشۇتۇلغان نان مەسىھنىڭ قامچىلانغان تېنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ گۇناھلىرىمىز* تۈپەيلىدىن ئۆلدى.

11:24 كورىنتلىقلارغا 1 ;26:26 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر

س.110. جام نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

ا. جام مەسىھنىڭ بىباھا قېنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىمىز* ئۈچۈن قان تۆكتى.

;11:25 كورىنتلىقلارغا 1 ;28 ـ 26:27 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 28 ـ 9:26ئىبرانىيلارغا

س.111. رەببىنىڭ* كەچلىك تامىقىنى كىم يېيىشى كېرەك ؟

ا. رەببىنىڭ كەچلىك تامىقى گۇناھلىرىغا* توۋا* قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈندۇر. قۇتقۇزۇلۇش* مەسىھكە ئىشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈندۇر.

قىلى2 ـ 11:18 كورىنتلىقلارغا 1 ;10:16,17 كورىنتلىقلارغا 1

س.112. چۆمۈلدۈرۈلۈش*نى كىم ئاتا قىلدى، ۋە جامائەتچىلىككە* رەببىنىڭ كەچكى تامىقىنى كىم بەردى؟

ا. رەببىمىز* ئەيسا مەسىھ.

مەتتا بايان قىلغان ;29 ـ 26:26 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 20 ـ 28:18 خۇش خەۋەر

س.113. نېمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ چۆمۈلدۈرۈشنى * ۋە * كەچلىك تامىقىنى جامائەتچىلىككە بەردى؟

ا. ئەيسا مەسىھ بۇلارنى بىزنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئىملەرنى قىلغانلىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بەردى.

1 ;5 ـ 6:1 رىملىقلارغا ;28:19 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 26 ـ 11:23 كورىنتلىقلارغا

س.114. مەسىھنىڭ ئۆز جامائەتچىلىكىگە بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى پەرمانى قايسى؟

ا. ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە پۈتۈن ھوقۇق* ماڭا بېرىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بېرىپ پۈتكۈل مىللەتلەرنى مېنىڭ شاگىرتلىرىم* قىلىپ يېتىشتۈرۈڭلار. ئۇلارنى خۇدا ئاتا، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە مۇقەددەس روھ*نىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈپ*، ئۇلارغا مەن سىلەرگە بۇيرۇغان بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار. مەن ھەقىقەتەنمۇ زامان ئاخىرىغىچە ھەر دايىم سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن.

20 ـ 28:18 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر

س.115. رەببىمىزنىڭ* كۈنى دىگەن نېمە؟

ا. رەببىمىزنىڭ* كۈنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدۇر. دەسلەپكى ئېتىقاتچىلار بۇ كۈندە ئىبادەت قىلىش* ئۈچۈن توپلاندى.

;16:2 كورىنتلىقلارغا 1 ;20:7 ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى 1:10 ۋەھىيلەر

س.116. نېمە ئۈچۈن بۇ رەببىمىزنىڭ* كۈنى دەپ ئاتالغان؟

ا. چۈنكى بۇ كۈن مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن كۈن.

**لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 1:1 ـ 6; مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 28:1 ـ 6; يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 20:1 ـ 24**

**س.117. قانداق قىلىپ بىز رەببىمىزنىڭ* كۈننى ئەڭ ياخشى ئۆتكۈزىمىز؟**

**ا. بىز رەببىمىزنىڭ* كۈننى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش* ۋە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولساق ئەڭ ياخشى ئۆتكۈزگەن بولىمىز.**

**زەبۇر 4:27; رىملىقلارغا 9:12 ـ 13; كولوسىلىقلارغا 3:16**

# بەشىنچى قىسىم

# دۇئا ۋە ئۈمۈت

**س.118. دۇئا دېگەن نېمە؟**

**ا. دۇئا خۇدا بىلەن پاراڭلىشىشتۇر. بىز خۇدا بىلەن پاراڭلاشقىنىمىزدا ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن مىننەتدار بولىمىز ۋە گۇناھلىرىمىزنى* ئىقرار قىلىمىز. ئۇنى رازى قىلىدىغان ئىشلارنى سوراپ قىلىمىز.**

**مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 6:6; فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان 4:6; 1 يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 5:14خەت**

**س.119. كىمنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلىمىز؟**

**ا. ئەيسامەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.**

**يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:13ـ 14؛ يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 16:23**

**س.120. قاچان ۋە قەيەردە دۇئا قىلىشىمىز كېرەك؟**

**ا. خۇداغا ھەر قانداق يەردە، ھەر ۋاقىتتا دۇئا قىلىشىمىز كېرەك.**

**مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 6:6؛ ئەفەسلىكلەرگە 6:18؛ ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى 5:21؛ كولوسلىقلارغا 4:2**

**س.121. ئەيسا ؟**

**ا. ئەيسا بىزگە رەببىمىزنىڭ* دۇئاسىنى بەردى.**

**مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 6:9ـ 15؛ لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 11:2ـ 4**

**س.122. رەببىمىزنىڭ* دۇئاسى نېمە؟**

**ا. ئەي ئاسماندىكى* ئاتىمىز،**

**سېنىڭ نامىڭ* ئۇلۇغلانغاي.**

**پادىشاھلىقىڭ* يەر يۈزىدە نامايان بولغاي.**

**ئىرادەڭ ئاسماندىكىدەك* يەر يۈزىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاي.**

**كۈندىلىك يېمەكلىكىمىزنى بەرگەيسەن.**

**بىزگە گۇناھ* قىلغان ھەر كىمنى كەچۈرگىنىمىزدەك*،**

**سەنمۇ گۇنالىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.***

**بىزنى ئازدۇرۇلۇشلاردىن* ساقلاپ قالغايسەن.**

بزنى يامانلقتن* يراق قلغايسەن.
13 ـ 6:9  مەتتا بايان قلغان خۇش خەۋەر

س.123. رەببمزنىڭ دۇئاسدا قانچە تىلەك بار؟
ا. ئالتە تىلەك بار.
س.124. بىرىنچى تىلەك نىمە؟
ا. "سىنىڭ نامىڭ* ئۇلۇغلانغاي."
لۇقا بايان قلغان خۇش خەۋەر ;6:9  مەتتا بايان قلغان خۇش خەۋەر 11:2

س.125. بىرىنچى تىلەكتە نىمە ئۈچۈن دۇئا قلىمز؟
ا. ھەممە ئىنسانلار خۇدانىڭ نامنى ئۇلۇغلىشى ئۈچۈن دۇئا قلىمز.
3 ـ 113:1 زەبۇر ;19 ـ 72:18 زەبۇر ;2 ـ 8:1 زەبۇر

س.126. ئىككىنچى تىلەك نىمە؟
ا. "پادىشاھلىقىڭ* يەر يۈزىدە نامايەن بولغاي."
لۇقا بايان قلغان خۇش ;6:10  مەتتا بايان قلغان خۇش خەۋەر 11:2 خەۋەر

س. 127. ئىككىنچى تىلەكتە نىمە ئۈ چۈن دۇئا قلىمز؟

ا. يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ ،ئىشىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. ئۇلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

ھەزرىتى ئەيسا ;21ـ17:20يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;8:12 ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى
11:15 ۋەھىيلەر ;31ـ28:30 پائالىيەتلىرى

س.128. ئۈچىنچى تىلەك نېمە؟

ا. "ئىرادەڭ ئاسماندىكىدەك* يەر يۈزىدىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاي."

6:10 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر

س.129. ئۈچىنچى تىلەكتە بىز نېمە ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز؟

ا. خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ يەرـيۈزىگە يېتىپ كېلىپ،يەرـيۈزى ۋە ئىنسانلادا خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

143:10 زەبۇر ;22ـ103:19 زەبۇر

س.130. تۆتىنچى تىلەك نېمە؟

ا. "كۈندىلىك يېمەكلىكىمىزنى بەرگەيسەن."

لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;6:11 مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 11:3

س.131. تۆتىنچى تىلەكتە نېمە ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز؟

ا. تۇرمۇشىمىزغا ۋە روھىمىزغا كېرەك ھەممىسنى بىزگە خۇدانىڭ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

مەتتا بايان قىلغان خۇش  ;9 ـ 30:8پەند ـ نەسىھەتلەر;16 ـ 145:15 زەبۇر
33 ـ 6:31  خەۋەر

س.132. بەشىنچى تىلەك نېمە؟

ا. "بىزگە گۇناھ* قىلغان ھەر كىمنى كەچۈرگىنىمىزدەك*، سەنمۇ گۇنالىرىمىزنى * كەچۈرگەيسەن.*"

لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;6:12  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
11:4

س.133. بەشىنچى تىلەكتە بىز نېمە ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز؟

ا. خۇدا گۇنالىرىمىزنى* كەچۈرىشى* ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز. ۋە  بىزمۇ قېرىنداشلىرىڭلارمىز ۋە بۇ دۇنيانىڭ كىشلىرىنى ئەيسا مەسىھكە ئوخشاش كەچۈرۈم قىلىشقا دۇئا قىلىشىمىزنى كۆرستىدۇ.

;24 ـ 5:23  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر  ;3 ـ 51:2 زەبۇر
4:32ئەفەسلىكلەرگە

س.134. ئالتىنچى تىلەك نېمە؟

ا. بىزنى ئادۇرۇلۇشلاردىن* ساقلاپ قالغايسەن. بىزنى يامانلىقتىن* يىراق قىلغايسەن.

لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;6:13  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر
11:4

س.135. ئالتىنچى تىلەكتە نېمە ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز؟

ا. خۇدا بىزنى گۇناھدىن* قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ۋە يامانلىقتىن* يىراق قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

4:18تىموتىيغا 2 ;10:13 كورىنتلىقلارغا 1 ;119:11 زەبۇر

س.136. دۇئا نېمە ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ؟

ا. دۇئا خۇدانىڭ بىزگە  ياردەم بېرىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىشىمىز* كېرەك دەپ تەلىم بېرىدۇ.

4:16ئىبرانىيلارغا ;4:6فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت ;6:18ئەفەسلىكلەرگە

س.137. ھازىر مەسىھ قەيەردە؟

ا. مەسىھ ھازىر ئاسماندا*، خۇدا ئاتانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرماقتا.

ھەزرىتى ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ ;16:19ماركۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 8:34 رىملىقلارغا  ;5:31 پائالىيەتلىرى

س.138. مەسىھ يەنە كېلەمدۇ؟

ا.ھە! ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنى ئاخىرقى كۈندە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە ئۇنى كۈتۈۋاتقانلارنى قۇتقۇزۇشقا كېلىدۇ.

سالونىكالىقلارغا 2 ;32ـ25:31  مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 9:28 ئىبرانىيلارغا ;4:1تىموتىيغا 2 ;9ـ1:7

س. 139. ئۆلۈم ۋاقتتا ھەققاني ئادەملەرگە* نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ ؟

ا. ھەققاني* ئادەملەرنىڭ تەنلىرى توپىغا قايتىدۇ. روھى* رەببىمىز* بىلەن بىللە بولىدۇ.

5:8 كورىنتلىقلارغا 2 ;12:7 تەلىملەر ;3:19ئالەمنىڭ يارىتىلىشى

س.140. ئۆلۈم ۋاقتتا ھەققاني بولمىغان ئادەملەرگە نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ ؟

ا. ھەققاني بولمىغان كىشلەرنىڭ تېنى توپىغا قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى* قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. خۇدا ئۇلارنى ئۆزى جازالاش ئۈچۈن سوراق كۈنىگىچە ساقلايدۇ.

يۇھاننا بايان قىلغان خۇش ;24 ـ 16:23 لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 2:9 پېترۇس 2 ;29 ـ 5:28خەۋەر

س.141. ئۆلگەنلەر قايتا تىرىلەمدۇ؟

ا. ھەئە ، ھەممە ئۆلۈك مەسىھ قايتا كېلىشى بىلەن تىرىلدۈرىلىدۇ.

ھەزرىتى ;29 ـ 5:28يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ;12:2دانىيال 15 ـ 24:14 ئەيسا ئەلچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى

س.142. مەسىھ قايتا كەلگەن كۈندە يامانلىقنى قىلغان ئادەملەرگە نېمە ئىش يۈز بېرىدۇ؟

ا. خۇدا ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ھالاكەتتىن ئىبارەت دوزاقتا* جازالايدۇ. ئۇلار خۇدانىڭ ھوزۇرىدىن مەڭگۈ يىراق بولىدۇ.

ماركۇس بايان قىلغان 25:41,46; مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر لۇقا بايان 12:5; لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 9:47,48; خۇش خەۋەر ۋەھىيلەر 1:9; سالونىكالىقلارغا 2 26 ـ 16:23; قىلغان خۇش خەۋەر 15 ـ 20:12

س.143. ھەققانىي* ئادەملەرگە نېمە ئىش بولىدۇ؟

ھەققانىي* ئادەملەر خۇدا بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە ياشايدۇ. ئۇلار يېڭى ئاسمان*، يېڭى زېمىندە مەڭگۈ ياشايدۇ.

4 ـ 21:2 ۋەھىيلەر 3:13; پېترۇس 2 23 ـ 66:22; يەشايا

س.144. يېڭى ئاسمان* ۋە يېڭى زېمىن نىمىگە ئوخشاش بولىدۇ؟

ا. يېڭى ئاسمان ۋە يېڭى زېمىندا، بىز خۇدا بىلەن بىللە بولىمىز. بىز ھېچ قاچان گۇناھ قىلمايمىز. بىز ھېچ قاچان ئۆلمەيمىز. لەنەتكە ئۇچرايدىغان ئىشلار قالمايدۇ. ئەمدى نە غەمكىنلىك نە قايغۇ ـ ئەلەم بولمايدۇ. بىز ھېچ قاچان گۇناھكار، قورققانچاق ياكى ئۇياتلىق بولمايمىز. خۇدادىن كېلىدىغان خوشال ـ خوراملىقتىن بەھرلىنىمىز .

5; ـ 21:1 ۋەھىيلەر 24; يەھۇدا يازغان خەت 23 ـ 12:22 ئىبرانىيلارغا
.4 ـ 22:1 ۋەھىيلەر

# سۆز تىزىمى

سۆز
چۈشەندۈرلىشى

**پەرزەنت بېقىۋېلىش**

پەرزەنت بېقىۋېلىش ئىنسانىي ئائىلىگە قوبۇل قىلىدىغان قانۇني پائالىيەت. بېقىۋېلىنغۇچى بىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتى سۈپىتىدە ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇرۇن، بىز خۇدانى ۋە خۇدانىڭ دۈشمەنلەرنى تونۇمايتتۇق. ئەمدى خۇدا بىزنى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئوغۇللىرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى.

**نېكاھ سادىقلىغى**

نېكاھ سادىقلىقى - ئۆز رەپىقىڭىزدىن ياكى يولدىشىڭىزدىن باشقا ئىنسان بىلەن جىنسىي ئەخلاقسىزلىق قىلماي سا دىق بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

**پەرىشتە**

پەرىشتە خۇدانىڭ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزىدىغان خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەتكار. پەرىشتە روھدۇر*. پەرىشتە خۇدا ھەققىدە ياخشى نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ. پەرىشتە خۇداخالىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. پەرىشتە خۇدانىڭ ئادەملىرى ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدۇ. يامان پەرىشتە ئىبلىس* ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ.

| | |
|---|---|
| چۆمۈلدۈرۈلۈش/ چۆمۈلدۈرۈلمەك | ئىبادەتخانا* يىتەكچىسى ئادەمنى بىر ئاز ۋاقىت سۇغا چۆشۈرىدۇ. كېيىن ئادەمنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىز مەسىھ بىزنى پاكلاپ، مۇقەددەس قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئىبادەتخانا* بىر قىسمى بولغان ھەممە ئادەملەرگە كۆرسىتىمىز. بىز چۆمۈلدۈرۈلگەندە بۇ بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلگەن ئەيسا ھەققىدەئەسلىتىدۇ. ئىنسانلار ئۇنى قەبرىگە قويغان. بىراق ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن. |
| ئىشىنىدىغانلار | ئىشىنىدىغانلار مەسىھنى بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر. |
| بەرىكەت | بەرىكەت خۇدا بىز ئۈچۈن قىلىدىغان ياخشى نەرسىلەردۇر. بىز خۇدادىن بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى سورىساق،ئۇ بىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىچىمىزدە ياخشىلىق چىقىدۇ . |
| تۇغۇلۇش | ئائىلىنىڭ تېنىدە يېڭى ھاياتنىڭ باشلىنىپ پەرزەنت كۆرۈشى |
| مەمنۇن | مەمنۇن بولۇش بىزدە بار بولغانلىرىغا رازى بولۇشدۇر. بىزدە بار بولغانلارنى تونۇپ يېتىشتۇر. |

**جامائەتچىلىك**

جامائەتچىلىك ئەيسا مەسىھ ھەققىدە ھەممىسىگە ئىشىنىپ، ئەگەشكەن بىر توپ ئادەملەردۇر. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار ئىشىنىدىغانلارنى* چۆمۈلدۈرىدۇ*. ئۇلار رەببىنىڭ كەچكى تامىقىنى يەيدۇ. ئۇلار مەسىھنىڭ تەلىمىگە بويسۇنىدۇ.

**چاپراس ياغاچ**

چاپراس ياغاچ بىر-بىرىگە بېكىتىلگەن ئىككى ياغاچدۇر. ئەيسا ياشىغان ۋاقىتتا، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جىنايەتچىلەرنى چاپراس ياغاچقا مىخلىغان .

**قارغاش/لەنەت**

بىر كىشىگە ياكى بىر نەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان لەنەتلىك سۆز.

**ئىبلىس**

ئىبلىس شەيتاننىڭ* باشقا نامى. شەيتان* يامان ۋە ناچار پەرىشتىلەردىن بىرى. [پەرىشتىنى كۆرۈڭ]

**شاگىرت**

شاگىرت باشقا بىر ئادەمگە ئەگەشكۈچى ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغۇچى كىشى. ئەيساغا ئىشىنىدىغان كىشى. ئەيسا نېمىنى ئۆگەتسە، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى كىشى.

**مەڭگۈلۈك**

ھەر زامان بولغان ياكى ھەر زامان بولىدىغان نەرسىلەر، مەڭگۈلۈك باشلىنىشى ۋە ئاخىرى بولمىغان نەرسە.

**مۇستەھكەم ئشەنچ**

مۇستەھكەم ئشەنچ بر كشگە ياكى
بر نەرسگە ئشننشدۇر.خۇدانڭ
گۇناھدن ئازات قلشغا ئشننش*
ۋە خۇدانڭ ھەققيلقنى بلشدۇر.
نڭ

**كەچۈرۈش**

كەچۈرۈش سۆيگۈ كۆرستش ۋە بر
كشگە قارشى يامانلقلارنى ئېسگە
ئالماسلق. خۇدا بزنى كەچۈردۇ، ئۇ
بز قلدغان ئشلار بلەن بزگە
قارشى تۇرمايدۇ.

**شان - شەرەپ**

خۇدانڭ شان - شەرپى - خۇدانڭ
پادشاھلقنى گۈزەل ۋە ئۇلۇغ
قلدغان ھەممە نەرسدۇر.

**مېھر - شەپقەت**

مېھر - شەپقەت بز قلغان يامان ئشلار
تۈپەيلدن ئالالمغان خۇدانڭ
ھەديەسدۇر، بزگە شۇنداق مېھربان
بولغان خۇدا ئاتا قلدغان
ھەديەدۇر، خۇدادن كېلدغان
كەچۈرۈم* ۋە ياردەمدۇر.

**يۈرەك**

يۈرەك ئنساننڭ ئەڭ مۇھم قسمدۇر.
ئوي - پكر قلدغان ۋە قارار
قلدغان ئنساننڭ بر قسمى.

**ئاسمان**

ئاسمان خۇدا ۋە مەسىھ بار بولغان يەر.
خۇدا ئۇ يەردە ياشايدۇ ۋە
ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئاسمان خۇدانى
ھەقىقەتەن بىلىدىغان ۋە ئەيسا
ئۆلگەندىن كېيىن بارىدىغان يەردۇر.
ئادەملەر ھەر قاچان خوشال بولىدىغان
ۋە تەشۋىشكە چۈشمەيدىغان يەر. يېڭى
ئاسمان ۋە يېڭى يەر خۇدانى بىلىدىغان
ئادەملەرنىڭ كەلگۈسى ئۆيىدۇر.

**دۋزاق**

دوزاق خۇدا يامانلىق قىلغۇچى
كىشىلەرنى ئۆزىدىن ئايرىيدىغان
يەردۇر. دوزاق ئۆلۈمدىن كېيىن ئۇسال
كىشىلەرنى جازالايدىغان يەردۇر.

**مۇقەددەس**

مۇقەددەس بولۇش خۇدا ئۆچۈن
يامانلىقتىن ئايرىلىشدۇر. خۇداغا
ئوخشاش بولۇشدۇر. توغرا يولدا
مېڭىشتۇر. بىز مۇقەددەس
بولغانداگۇناھسىز ۋە پاك بولىمىز.

**مۇقەددەس روھ**

ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەيسا ئەۋەتكەن خۇدانىڭ روھى [روھنى كۆرۈڭ]. مۇقەددەس روھى خۇدانىڭ باشقا نامىدۇر. ئۇ يەنە خۇدانىڭ روھى، مەسىھنىڭ روھى ۋە بىزگە ياردەم بېرىدىغان روھ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇقەددەس روھ بىزگە ئوخشاش ئادەم ئەمەس. ئۇ خۇدا، خۇدا ئاتا ۋە خۇدا ئوغۇل بىلەن باراۋەر [يەنە ئۈچلۈكنىڭ بىرلىكىنى كۆرۈڭ] ئۇ دۇنيادا ئادەملەر ئارىسىدا خۇدانىڭ ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ھېچ كىم مۇقەددەس روھنى كۆرەلمەيدۇ، بىراق ئۇ ئەيساغا ئىشىنىدىغانلار بىلەن بىللە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**مەدھىيىلەش**

بىرسىنى مەدھىيىلەش بىرسى ھەققىدە ياخشى سۆزلەشدۇر. بىرسىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە باھالاش تۈپەيلىدىن بۇ كىشى ئۈچۈن ياخشى بولۇشدۇر.

**ھۆرمەتكە سازاۋەر**

خۇدا ۋە ئادەملەرگە ھۆرمەت كۆرسىتىش بىلەن ياشاش. ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان كىشى بولۇش.

**بۇت**

ئادەملەر سەجدە قىلىدىغان بۇت ياغاچ، تاش ياكى مېتالدىن ياسالغان نەرسە. ئۇلار خۇداغا* سەجدە قىلىشى كېرەك. بۇت خۇدا ئورنىغا قويۇلغان ئادەم سۈرىتى ياكى نەرسىنىڭ سۈرىتى. بۇت ساختا خۇدا.

| | |
|---|---|
| ئىسرائىل | يەھۇدىيلار ئىشىنىدىغان يەر. ئىسرائىللارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ باشقا نامىدۇر. ئۇلار ئىبراھىم پەيغەمبەر، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. |
| يەھۇدىي | يەھۇدىي ئىبراھىم پەيغەمبەر، ئىسھاق ۋە ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تۇغۇلغان كىشىدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەھكەم ئىشەنچى* بار. |
| پادىشاھلىق | پادىشاھلىقتا پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەر. خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەردۇر. |
| قانۇن | ئادەملەرگە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان قائىدە-نىزاملار. مۇساغا ئىسرائىللار ئۈچۈن خۇدا بەرگەن قائىدە-نىزاملار. |
| رەب | رەب خۇدانىڭ ئىنجىلدىكى نامىدۇر. بۇ ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈنلۈكىنى ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئىشەنگەندە ئىشلىتىدىغان نام. |
| پەيغەمبەر | پەيغەمبەر خۇدا خالايدىغاننى باشقا ئادەملەرگە سۆزلەيدىغان بىرىدۇر. پەيغەمبەر كۆپ ۋاقىت بۇرۇن خۇدا ئۈچۈن سۆزلەيدۇ. كېلەچەكتە نېمە بولۇشىنى سۆزلەيدىغان ۋە ئاڭلىتىدىغان كىشى. |

**ئوڭۇشلۇق**
ئوڭۇشلۇق ـ ياخشى نەرسىلەردىن زوقلىنىش. ئوڭۇشلۇق قىلىش تېنىڭنىڭ سالامەت بولۇشى ياكى باي بولۇشىدۇر. ئادەملەر بىز ھەققىدە ياخشى سۆزلىگەندە بىز ئىشلانى ئوڭۇشلۇق قىلىمىز. ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ مېھرىبانلىقىدىن زوقلىنىمىز.

**تۆلەم تۆلەش**
يوقاتقانلىرىدىن كېيىن بىر نەرسىنى قايتا ئالماق. ئۆزىڭىزنىڭ قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەش.

**توۋا**
توۋا قىلىش گۇناھلىرىڭدىن* پاكلىنىشدۇر. خۇدا بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىزنى ئىستىسە، شۇنداق قىلىشدۇر. بۇرۇن قىلغان يامان ئىشلارنى قىلماسلىق ئۈچۈن قارار قىلىش.

**ھۆرمەت**
ھۆرمەت قىممەتلىك بولغان نەرسە ئۈچۈن بىر ئادەمنى ھۆرمەت قىلىشدۇر.

**قايتا تىرىلىش**
قايتا تىرىلىش ئۆلۈمدىن تىرىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

**ھەققانىي**
ھەققانىي بولۇش خۇدا بىلەن توغرا بولۇشدۇر. ھەققانىي خۇدا بىلەن توغرا بولغان ئادەملەردۇر. خۇدا ئۆزى بىلەن بىر كىشىنى توغرا دەپ بىلسا، ئۇ بۇ كىشىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەققانىي كىشى خۇدانىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئۇنىڭ دوستىدۇر.

**دەم ئېلىش كۈنى**

دەم ئېلىش كۈنى خۇدا يارىتىش ئىشىنى تاماملاپ بولغان بولۇپ، ئارام ئالغان كۈن ئېدى. دەم ئېلىش كۈنى يەھۇدىيلارغا* خۇدا ئىشلىمەسلىكنى بۇيرۇق قىلغان كۈن ئېدى. بۇ ئۇلار ئارام ئالىدىغان ۋە خۇداغا سەجدە قىلىدىغان كۈن.

**قۇتقۇزماق/قۇتقۇزۇلۇش**

قۇتقۇزۇلۇش خۇدا گۇناھلارنى* قۇتقۇزغانلىق بولىدۇ. يامان نەرسىلەردىن قۇتقۇزىش ۋە ئازات قىلىشدۇر.

**شەيتان**

شەيتان ئىبلىسنىڭ* باشقا نامىدۇر. شەيتان* يامان پەرىشتىلەرنىڭ* يامىنىدۇر [پېرىشتەنى كۆرۈڭ]

**قۇتقۇزغۇچى**

ئەيسا مەسىھ قۇتقۇزغۇچىدۇر. بىزنى خۇدا بىلەن قايتا ياراشتۇرىدىغان ۋە بىز قىلغان يامان ئىشلار ئۈچۈن جازالىنىشدىن بىزنى قۇتقۇزىدىغان بىرىدۇر.

**گۇناھ/گۇناھكار** گۇناھ ئادەملەر خۇداغا قارشى ياكى باشقا ئادەملەرگە قارشى قىلىنىدىغان خاتا ئىشلاردۇر. خۇدا تۈزگەن قائىدە ـ تۈزۈملەرگەبويسۇنمىغانىمىزدىن، گۇناھ قىلىمىز. خۇدا بىزنىڭ قىلىشىمىزنى ئىستىگەن ئىشلارنى قىلمىغان ۋاقتىمىزدا، بىز گۇناھ قىلىمىز. ھەممە ئادەملەر گۇناھكار، سەۋەبى ئۇلار خۇداغا ياكى باشقا ئادەملەرگە قارشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ھەممە ئادەملەر گۇناھكار، سەۋەبى ئۇلار يامان ئىستەك بىلەن تۇغۇلغان.

**قەلب** قەلب ھاياتىمىز داۋامىدا ۋە بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئىچىمىزدە بولۇپ بىز كۆرەلمەيدىغان قىسىمدۇر. خۇدا ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىنىڭ بۇرنىدىن پۈۋلەپ ئۇلارغا قەلب ھاياتلىقنى ئاتا قىلدى. ئىنسان قەلبى ئىنساننىڭ روھى* دەپ ئاتىلىدۇ [روھنى كۆرۈڭ]

**روھ** روھ تېنى يوق بولغان ۋە ھېچ كىم كۆرەلمەيدىغان مەۋجۇدات. خۇدا روھدۇر. خۇدا ياخشى ۋە يامان، بىز كۆرەلمايدىغان باشقا روھ مەۋجۇداتلارنى (پەرىشتەلەر*) ياراتتى. كىشىنىڭ قەلبى* كىشىنىڭ روھى دەپ ئاتىلىدۇ[قەلبنى كۆرۈڭ]

**ئۈچلۈك(ئۈچىنلىك بىرلىكى)**

ئۈچلۈك (ئۈچىنلىك بىرلىكى) بولغان يالغۇز خۇدا خەققىدە سۆزلىگەندە ئىشلىتىدىغان بىرىكمە سۆزدۇر: خۇدا ئاتا، خۇدا ئوغۇل (ئەيسا) ۋە خۇدا مۇقەددەس روھ*.

**ئىشىنىش**

ئىشىنىش سىز ھەقىقەت دەپ ئويلايدىغان بىر يەرسە ياكى بىر كىشىگە ئەگىشىشدۇر. مۇستەھكەم ئىشەنچى* بار بولۇش ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن ياشاش [مۇستەھكەم ئىشەنچنى كۆرۈك].

**پاك قىز**

پاك قىز جىنسىي مۇناسىۋەت قىلمىغان قىزدۇر.

**ئىبادەت**

ئىبادەت خۇدانى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ سۆيۈشىمىزۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگىمىزنى كۆرستىشدۇر. ئىبادەت قىلىش- ھۆرمەت قىلىش* ۋە خۇداغا شۈكۈر ئېيتىشدۇر. خۇدا بىلەن بىللە بولغىنىمىزدا قىلىشىمىز كېرەكلىكىدۇر.

بۇ كىتابنىڭ ئېلېكترون نەشرىنى ئىزدەپ تاپماق ئۈچۈن:
www.asimpleword.org